

# بۇغا بلان بورى

# بوُغا بلان بورى



مللەتلەر نەشرياتى

بېيجىن ـ 1957

## كرش سوز

بر ژرتقۇچ بورى بار ئكەن، ئۇ دەرەخ توپسدكى تينلارنى يەمەكچى بولغاندا، ئۇزى كولاپ ژقتقان دەرەخ ئۇننڭ ئۇزنى بسۇۋەپتۇ، ژرتقۇچ بورى ئۇزنى قۇتقۇزۇپ ئېلش ئۇچۇن بۇغا ئلتماس قىپتۇ، تيىن بۇغا ژرتقۇچ بورننڭ يالغان سوز قلىۋاتقانلىغنى ئېيتپتۇ. ئەمما، توغرى نيەتلك بۇغا يەنە ژرتقۇچ بورنى قۇتقۇزۇۋەپتۇ. ژرتقۇچ بورى قۇتقۇزۇلغاندىن كېين، دەرھال غالجرلشپ بۇغنى يېيشكە تۇرۇۋپتۇ، بۇنى بلگەن مېھرىۋان تيىن ئېيققا خەۋەر قىپتۇ. ئېيق كېلپ، ئۇستۇلۇق بلەن ژرتقۇچ بورنى يەنە ھېلقى دەرەخننڭ ئاستغا باستۇرۇپ قويۇپتۇ. بۇكتاپ سوۋېت ئتتپاقى قورچاق كنوفلملرىگە ئاساسەن تۈزۈلگەن.



گوزەل بىر ئورمانزارلىقتا نۇرغۇن ھايۋا-
ناتلار ياشايدىكەن، ئۇلار خۇشال - خۇرام، بەختلىك
تۇرمۇش كوچۈرۈدىكەن. لېكىن، قانداقتۇر بىر
كۈنى بۇيەردە ئۇشتۇمتۇت بىر ژىرتقۇچ بورى پەيدا
بولۇپ قەپتۇ.



ئۆردەكلەر كول بويىدا ناھايىتى كوڭۆللۈك
ئويناۋاتقان ئىكەن، بورى مۈغەمبەرلىك قىلىپ بۆ-
يەرگە كىپتۇ، بۇنى كورگەن تۇرنا دەرھال: «ئۆر-
دەكلەر! چاپسان قېچىڭلار!»-دەپ ۋاقىراپتۇ.



ئوردەكلەرنىڭ ھەممىسى ئۇچۇپ كېتىپتۇ. بورى ناھايىتى غەزەپلىنىپ، جېنىنىڭ بىرىچە تۇرنىغا قاراپ ئېتىلىپتۇ. مېھرىۋان تۇرنا قانات قېقىپ ئۇچۇپ كېتىپتۇ، بورى ئاسمانغا قاراپ ئاغزى ئېچىلىپ قەپتۇ.



بۆرى ناھايىتى ئاچچىغلىنىپ، چىشلىرىنى ھەجاي-
تىپ، ئورمانلىققا قاراپ ژۈگرۈپتۇ.



بوری ئورمانلقتا ئـۇياق ـ بۇياققا ژۈگـۈرۈپ ژۈرۈپ، کچمك هايۋاناتلارنڭ برەرسنمۇ ئۈچرـ تالماپتۇ، ئاخرى بريەرگە كېلپ بېشنى كوتۈرۈپ قارسا، دەرەخ ئۈستدە بر ئۇگا تۇرغدەك، ئۇگدا ئۈچ تيىن بالسى ياتقدەك.



تيىن بالىلىرى ئېگىشىپ قارىسا پەستە بورى
تۇرغىدەك، ئۇلار بۇنى كورۇپ قورقۇشۇپ چىرىل-
داشقا باشلاپتۇ، ئاڭغىچە ئانىسىمۇ يېتىپ كېلىپ، باللى-
رىنى ئىگىز بىر شاققا يوتكىۋەپتۇ.



بوری تیین باللرىنى يىمەكچى بولسمۇ،
ئەمما دەرەخقە چىقالماپتۇ. ئۇ، ئۇيان ئويلۇنۇپ، بۇ-
يان ئويلۇنۇپ ئاخىرى دەرەخنىڭ تۈۋىنى كولاپ
يىقىتماقچى بوپتۇ.



دەرەخ ئاستا ـ ئاستا لىڭشىشقا باشلاپتۇ، بورى
تېخىمۇ كۈچەپ كولاپتۇ. بۇنى سەزگەن تىيىنلار بىر ـ
بىردىن، باشقا دەرەخقە يۆتكۈلۈۋېپتۇ، بورى بۇنى
تۇيماپتۇ.



دەرەخ يىقىلىشقا باشلاپتۇ، بورى كوڭلىدە، ئەمـ
دى تەملىك گوش يەيدىغان بولدۇم، دەپ ئويلاپتۇ.



دەل شۇچاغدا دەرەخ قاراسلاپ بورىنىڭ ئۇس-
تىگە ئورۇلۇپ چۈشۈپ، ئۇنى بېسىۋەپتۇ. ئۇ، قاچاي
دېسە قاچالماي ئاخىرى ئۇنىنىڭ بېرىچە: «مېنى
قۇتۇلدۇرۇڭلار! قۇتۇلدۇرۇڭلار!»- دەپ ۋاقىراپتۇ.



دەل شۇ ۋاختتا دەريا بويىدا سۇ ئىچىۋاتقان بۇغا بۇ ئاۋازنى ئاڭلاپ ئىتتىك يېتىپ كېپتۇ. بۇغىنى كورگەن بورى: «مېنى قۇتۇلدۇرۇۋېلىڭ!»-دەپ يالۋۇرۇپتۇ.



بۇغا، بۇ قانداق گەپ، دەپ ھاڭتاڭ بولۇپ
تۇرسا، تىيىن دەرەخ ئۈستىدە تۇرۇپ: «قۇتقازما ئۇ-
ژىرتقۇچنى! قۇتقازساڭ، ۋاپاغا جاپا قىلىدۇ!» - دەپ
ۋاقىراپتۇ.



بۇغا ئۇنى قۇتقازماقچى بولغان بولسىمۇ، تىيىننىڭ سوزىنى ئاڭلاپ، نىمەقىلارىنى بىلمەي تۇرۇپ قەپتۇ·



لېكن ژرتقۇچ بورى ژغلاپ بوۇغغا، مېنى قۇتقۇزۇۋالساڭ، دەپ يالۇۋۇرۇۋېرپتۇۋە:«سەن ماڭا ياخشلق قلساڭ،مەن سېنى هەرگز يمەيمەن!»-دەپتۇ ·



بۇغا ئاخىرى بورىنىڭ سوزىگە ئېرىپ كېتىپ، تىيىنلارنىڭ نەسىھىتىنى ئاڭلىماي، مۇڭگۇزى بىلەن دەرەخنى كوتۇرۇشكە كىرىشىپتۇ.



دەرەخ مۇنداق يوغان، مۇنداق ئېغىر تۇرسا، بۇغا قانداق قىلىپ قوزغىيالىسۇن؟ ئەمما ئۇ بار كۈچى بىلەن كۈچەپ، ئاخىرى ژىرتقۇچ بۆرىنى قۇتقۇزۇپ ئەپتۇ.



ژىرتقۇچ بورى: «مېنى يېسىپ ئۆلتۈرگىلى تاس قالدى!» ـ دەپلا بىر سىلكىنىپ، بېشىنى ئويناتۇپ، قويرۇغىنى شىپاڭشىتىپ بۇغىنىڭ ئالدىغا كېپتۇ. بۇغا ئويىدا بۇ ژىرتقۇچ ماڭا كېلىپ رەھمەت ئېيتىۋاتىدۇ، دەپ ئويلاپتۇ.



بىر دەمدىلا بورىنىڭ يۈزىدىكى ياشلار غايىپ بوپتۇ، ئۇ تېخىمۇ غالجىرلىشىپ، بۇغىغا: «مەن سېنى يېمىسەم بولمايدۇ.» ــ دەپتۇ. بۇغا بۇنى ئاڭلاپ چوچۇپ كېتىپتۇ.



بۇغا ئاچچىغلىنىپ: «سەن نىمە ئۇچۇن سوزۇڭ-
لەڭ تۇرمايسەن؟» - دەپتۇ. بورى ئۇنىڭغا : «كاپىشما،
مەن سەندىن كۇچلۇك. مەن سىنى يەۋالسام
ھىچكىم ئىستەك - سوراق قىلمايدۇ.» - دەپتۇ.



بۇغا: «ژۇر! بىز بىرسىنى تېپىپ سوراپ با-
قايلى، سېنىڭ مېنى يېيىشىڭ توغرىمۇ، ياكى توغرى
ئەمەسمۇ؟»- دەپتۇ. بورى: «بارساق - باردۇق، قېچىپ
قۇتۇلالمايسەن.»- دەپ كورەگلەپتۇ.



شۇ چاغدا، دەرەخ توپىسىدىكى تىيىن بۇغىنىڭ خەتەرلىكتە قالغانلىغىنى كورۇپ، دەرھال ئۇنى قۇت- قۇزۇشنى ئويلاپتۇ. لېكىن قانداق قىلىپ قۇتقۇزۇشنى بىلمەي قەپتۇ.



تىيىن دەرھال ئېيىقنى ئېسىگە كەلتۈرۈپ، ژۈ-
گۈرۈپ بېرىپ ئېيىققا خەۋەر قىپتۇ ۋە ئېيىققا: «يامان
بولدى! ئېيىق تاغا، بۆرى بۇغىنى يەۋېتىدىغان بول-
دى!»- دەپتۇ.



شۇنداق قىلىپ بۇغا بىلەن بۆرى نۇرغۇن يەر-
لەرنى كېزىپ، ھېچنەرسە ئۇچرىتالماپتۇ. چۈنكى،
كىچىك ھايۋاناتلار بۆرىنى كۆرۈش بىلەنلا موكۇ-
ۋالىدىكەن.



ئاخىرى بۇلار بىردوڭدىن ئۆتۈشىگە، بەختكە
يارىشا، بىر توشقان چىقىپ قەپتۇ، بىراق توشقان
بۇغىنىڭ يېنىدىكى بورىنى كۆرۈش بىلەنلا قورقۇپ،
بۇرۇلۇپ قېچىپ كېتىپتۇ.



بۇلاردوگەدىن ئايلىنىپ كېتىۋاتسا، بىر نەچچە سۇغۇرلار ئوينىشىۋاتقىدەك، بۇغا بۇلارنى قورقۇپ كەتمىسۇن دەپ، ژىراغراق تۇرۇپ: «ھەي، سۇغۇرلار، چاققان كېلىپ بىزنىڭ چاتىغىمىزنى ئايرىپ قويۇڭلار!»- دەپ ۋاقىراپتۇ.



سۇغۇرلار بورىنى كورۇپ قەپتۇ-دە، جىنىنى ئېلىپ قېچىشقا ئالدىراپ، بۇغىنىڭ نىمە دەۋاتقانلىغىنى ئۇقارىماي، ژۇگۇرۇشۇپ تۇشۇكلىرىگە كىرىپ كېتىپتۇ.



بۇرى تاقەت قىلالماي، ھۇلاپ توپ-توغرى
بۇغىغا قاراپ ئېتىلىپتۇ. بۇغا بۇرىنىڭ قىپ-قىزىل ئاغ-
زىنى كۆرۈپ، قورققىنىدىن «گۈپ» قىلىپ يەرگە زوڭ-
زىيىپ ئولتۇرۇپ قەپتۇ-دە، بەدەنلىرى تىترەپ كېتىپتۇ.



دەل شۇ خەتەرلىك پەيتتە، تىيىن ئېيىقنى باش-
لاپ يېتىپ كېتىپتۇ.



بۇغا ئېيىقنىڭ كەلگىنىنى كورۇپ، دەرھال ئېيىقنىڭ ئالدىغا كېپتۇ ۋە بورىدىن شىكايەت قىلىپ، ئېيىقتىن: «بورىنىڭ مېنى يېيىشى توغرىمۇ ياكى توغرى ئەمەسمۇ؟»- دەپ سوراپتۇ.



ھېلىگەر بورى قورققىنىدىن ئېيىقنىڭ ئالدىدا ياۋۇزلۇقىنىڭ ئىشقا ئاشمايدىغانلىقىنى بىلىپ، يالغاندىن سوز توقۇشقا باشلاپتۇ: «بۇغامىنى قۇتقازمىدى، دەرەخ تېگىدىن ئوزەم ئومۇلەپ چىقتىم.»-دەپتۇ.



ئۇششىنىڭ قانداقلىغىنى ئاللىقاچان سەزگەن ئېيىق، ھېچنىمە بىلمىگەندەك: «ھەركىم ئۆز سۆزىنى راس قىلغىسى كېلىدۇ، قايسىڭلارنىڭ سۆزى توغرى، قايسىڭ- لارنىڭ توغرى ئەمەس، بىز باشقىدىن دەرەخنىڭ يېنىغا بېرىپ سۆزلىشەيلى.» ـ دەپتۇ.



ئېيىق دەرەخنىڭ يېنىغا كېلىپ ھېچنىمە بىلمىگەن
كىشىدەك، بۇغىغا : «شۇنداق يوغان دەرەخنى سەن
قانداق قوزغىيالىدىڭ؟ ئەڭ ياخشىسى سىلەر باياتىن
بولغان ئىشنى ماڭا تەكرارلاپ كورسۇتۇپ بېرىڭلەر-
چۇ؟» - دەپتۇ .



بۇنىڭ بىلەن بۇغىنىڭ تېخىمۇ غەزىۋى كېلىپ، ئۇزىنى توختىتالماي مۇڭگۇزىنى دەرەخنىڭ ئاستىغا تىقىپ بىر كۇچىگەن ئىكەن دەرەخنى دەس كوتۇرۇپتۇ ۋە يەنە ئېيىقا: «قاراڭ، مېنىڭ ئېيتقان سوزۇم توغرىمىكەن؟»-دەپتۇ.



بورى بۇغىنى يەيدىغان بولدۇم، دەپ دەرھال دەرەخنىڭ يېنىغا بېرىپ، قۇيرىغىنىلا دەرەخنىڭ ئاستىغا توغرىلاپ تۇرۇپتۇ ۋە دەرەخ چۈشكەندە قويرۇغىنى غىپلا قىلىپ تارتىۋېلىپ، ئەمەلدە ئۆزى قۇتۇلۇپ چىققانلىغىنى ئىسپاتلىماقچى بوپتۇ.



بورىنىڭ ئالدامچىلىق قىلىۋاتقانلىقىنى بىلگەن
ئېيىق دەرھال بۇغىغا قولىنى ئىشارەت قىپتۇ. بۇغا شۇ
زامان «شارت» قىلىپ مۈڭگۈزىنى چىقىرىۋالغان ئىكەن،
دەرەخ بۇرۇنقىغا ئوخشاشلا بورىنىڭ بېلىنى بېسىۋېپتۇ.



شۇنداق قىلىپ، دەرەخقە يېقىلىپ قالغان بورى جېنىنىڭ بىرىچە ھۇۋلاپتۇ. ئۇ، ئېيىقتا ھەم بۇغىغا مېنى بىر قۇتقۇزۇۋالساڭلار، دەپ يالۋۇرۇپتۇ. ئېيىق: «سەن-دەك ۋاپاغا جاپا قىلىدىغان ھارامزادىنى كىم قۇتقۇزۇپ ئالسۇن!» ـ دەپتۇ.



خېلى ۋاخت ئۆتكەندىن كېيىن بورى ئاخىرى
دەرەخ ئاستىدا بېسىلىپ ئۆلۈپتۇ. ئېيىق بۇغىغا: «مۇنـ
ـدىن كېيىن، يامان ئادەملەرنىڭ سۆزىگە ئاسانلا ئالـ
ـدىنىپ كەتمە.» ـ دەپتۇ.

بۇ كىتاپ چاۋخۇا سەنئەت نەشرىياتى تەرىپىدىن
1955 - يىلى ئاپرىلدا نەشر قىلىنغان بىرىنچى نەشرى
بىرىنچى باسمىدىن تەرجىمە قىلىندى.

本書根据朝花出版社1955年4月第1版第1次印刷版本譯出

كىتاپ نومېرى: 217 (4) 1065

## بۇغا بىلەن بورى

جۇڭگو كىنو فىلىم تارقىتىش شىركىتى تەرىپىدىن تۈزۈلگەن.
رەسسام: گۇمې ۋە باشقىلار
تەرجىمە قىلغۇچىلار: م. كەنجىيېۋ، ئابلەھەت
تەرجىمىنىڭ مۇھەررىرى: توختى باقى
كوررېكتورى: م. كەنجىيېۋ
مىللەتلەر نەشرىياتى تەرىپىدىن نەشر قىلىندى.
ئادرېس: بېيجىن گوزىجەن 54 - قورا.
بېيجىن شەھەرلىك ئەخبارات ۋە نەشرىيات باشقارمىسىنىڭ رۇخسەت
قەغىزى نومېرى: «ن - 047»
مەركىزىي مىللەتلەر مەتبەئەسىدە تىزىلدى.
جىڭخۇا مەتبەئەسىدە بېسىلدى.
شىنخۇا كىتاپ ماگازىنى تەرىپىدىن تارقىتىلدى.
1957 - يىلى ئىيۇندا بېيجىندە بىرىنچى قېتىم نەشر قىلىندى.
1957 - يىلى ئىيۇندا بېيجىندە بىرىنچى قېتىم بېسىلدى.
تىراژى: 800 10-1 - باھاسى: 10 پۇڭ.

書號：1065(4)217

# 鹿 和 狼

（維吾尔文）
中国电影发行公司改編
谷 梅等繪
哈米提·阿布拉海提合譯
托乎提巴克校訂
哈米提校对
民族出版社出版
地址：北京國子監街54號
北京市書刊出版業營業許可證出字第047號
中央民族印刷廠排版
京华胶印廠印刷
新华書店发行

---

1957年6月北京第一版
1957年6月北京第一次印刷
787粍×1092粍1/48 印張$\frac{5}{6}$
印數：1—10,800冊 定價：一角
統一書號：MR8049·維58